# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي
4
شەنبە
维吾尔文5月4日

新疆日报网: www.xjdaily.com　شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W　مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24685 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## 4 - ماي روھىنى يېڭى دەۋردە يېڭى نۇر چاچقۇزايلى

### —— 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

100 يىللىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش، 100 يىللىق بوران - چاپقۇنغا باش ئەگمەسلىك، 100 يىللىق قايىنام - تاشقىنلىق. بۈگۈن 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقى، بىز 100 يىل ئىلگىرىكى جۇشقۇنلۇققا تولغان ئاشۇ يىللارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، زامانىمىزدىكى ياشلارنىڭ پارتىيەنىڭ ئۈمىدى، خەلقنىڭ ئارزۇسى، مىللەتنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىقىنى، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، يېڭى دەۋردە 4 - ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش مۇھىم تەلپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، زامانىمىزدىكى ياشلاردىن چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۈمىد كۈتۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 100 يىلدىن بۇيان ياش قەلبلەر پارتىيەگە تەلپۈندى

## يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلاندى

### —— جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز

تەپسىلاتى 2 - بەتتە

## ياشلىق باھارىمىز بىلەن گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز

### —— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلار مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى

مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل ناسىر

ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش، ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، دەۋر مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىش، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش، ئەخلاق - پەزىلەتنى تاۋلاش. 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ھازىرقى زامان ياشلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئالتە نۇقتىلىق ئۈمىدنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مىزان بىلەن تەمىنلىدى، ياشلىق مۇساپىسىگە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلار باش شۇجىنىڭ يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا ياشلاردىن كۈتكەن سەمىمىي ئۈمىدىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاخىرلىق ھالدا ئۆزىنىڭ غايە ئىنتىلىشىنى گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشقا، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىيىتىگە يۇغۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشتى.

**پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش**

يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار ھەم كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئىگە، ھەم شەرەپلىك تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان.

«شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇش بىزنىڭ دەۋر مەسئۇلىيىتىمىز، 4 - ماي ھەرىكىتىگە بولغان ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش، شۇنداقلا 4 - ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىپاق كومىتېتى ئاساسىي قاتلام بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئەسقەر ياسىن 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ھاياجانلانغان ھالدا.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئەسقەر يەكەن ناھىيەسىدىن ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندى، رەڭگارەڭ شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، بىپايان دېڭىز، كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ساھىل... تۇنجى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ دالىيەنگە ئوقۇشقا بارغان ئەسقەر كۆز ئالدىدىكى بۇ ئاۋات مەنزىرىدىن ھەيران قالغانىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەلبىدە كەلگۈسىدە يۇرتىغا قايتىپ تىرىشىپ ئىشلەپ، يۇرتىنىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل قىلىشتەك ئاددىي بىر ئارزۇ بىخ سۈرگەندى. «ئەگەر ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى بولمىغان بولسا، مېنىڭ بۇنداق ياخشى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىم بولمايتتى، شۇڭا مەن دائىم ماڭا مۇشۇنداق كىشىلىك ھايات پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن ۋەتىنىمگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىزچىل ئويلاپ كەلدىم» دېدى ئۇ.

تولۇق ئوتتۇرا، تولۇق كۇرستىن ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزگىچە، ئۇ توختىماي ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىنتىلدى ھەم 2015 - يىلى چىڭخۇا داشۆسىنىڭ تېخنىكا ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. «ئائىلىمىزدە بالىلار بىر قەدەر كۆپ، يۈكىمىز ئېغىر ئىدى، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دۆلەت بارلىق خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۈستىگە ئېلىپ، ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى كۆپ يېنىكلەتتى. داشۆگە ئۆتكەندىن كېيىن، مەن يەنە ئىلتىماس قىلىپ مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتىم، بۇنىڭ بىلەن غەم - ئەندىشەم تۈگەپ، پۈتۈن زېھنىمنى ئۆگىنىشكە قاراتتىم.» ئەسقەر مۇنداق دېدى: قەلبىم باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھېسسىياتى بىلەن تولدى.

مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، ئىگىلىك تىكلەپ، ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن، 2017 - يىلى، شىنجاڭدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ئەسقەر خوتۇنى سۇبھىنۇر بىلەن توردا كەڭ تارقالغان ماقالىسى —— «چىڭخۇا داشۆسىدە ماگىستىرلىقنى بىللە پۈتكۈزگەن ‹ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا تۇغۇلغان› ئۇيغۇر ياش ئەر - خوتۇننىڭ يۈرەك سۆزى» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىنى يازدى، ئاكتىپ كۈچكە تولغان بۇ ماقالە ئېلان قىلىنىپ 10 سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئوقۇلۇش مىقدارى 160 مىڭ قېتىمغا يېتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

«پارتىيە ۋە دۆلەت كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ يۇرت - ماكانىمىزنى گۈللەندۈرۈپ، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تەربىيەلىگەن شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار.» ئەسقەر مۇنداق دېدى: «بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ دۆلەتتە ئۆسۈپ يېتىلدۇق، دادىل ئارزۇ قىلالايمىز، تىرىشىپ ئارزۇغا ئىنتىلەلەيمىز، بۇ نېمىدېگەن بەخت - ھە!»

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP
شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى


## چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 4 - ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردە ئۇلۇغ 4 - ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلىرىدىن كەلگەن ياشلار ۋەكىللىرى ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە بولغان تونۇشى، تەسىراتىنى بەھۇزۇر سۆزلىدى.

چېن چۈەنگو خۇلاسە سۆزى قىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ياشلارغا بايراملىق سالام يوللىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ياشلار خىزمىتىگە ئېنىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، بۇ، يېڭى دەۋردە جۇڭگو ياشلىرىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ياشلار خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




**ئون مىڭلىغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى «ۋەتەننى كۈيلەيمەن» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى**

4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ داشۆسىدىكى ئون مىڭلىغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىن كەلگەن مەكتەپداشلار يېقىندا بىرلىكتە «ۋەتەننى كۈيلەيمەن» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىنى ئورتاق ئىزھار قىلدى.

سەھبە مەمەتئىمىن فوتوسى

## جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا

### —— باش شۇجىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىزلىرى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا پورەكلەپ ئېچىلدى

**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات - ئىلگىرىلەشنىڭ ئۇل تېشى**
**—— شى جىنپىڭ**

**سەمىمىي تاپشۇرۇق**

2014 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ھالقىما تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، باش شۇجى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ شىگرۈي، ۋاڭ يۈجاۋ

سەمىمىي غەمخورلۇق تىيانشانغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى، سەمىمىي تاپشۇرۇق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى. بەش يىلنىڭ ئالدىدىكى باھاردا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان سەمىمىي ئۈمىدى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. مۇھىم تاپشۇرۇق ئەستە چىڭ ساقلاندى، ھەممە ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ۋەتەننىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى.

**ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئارىلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مېلودىيەسىنى ئورتاق ياڭرىتىش**

[تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى] 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئىشخانىسىدا، باش شۇجى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قوبۇل قىلغان ئۇسسۇلچى دىلنار ئابلا شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشنى ئەسلەپ، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، مەن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ئۆز ئەمەلىيىتىمدە كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن سەنئەت ئوزۇقى ئېلىشىم كېرەك».

دىلنار يېڭى بىر ناخشىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ناخشا تېكىستىدە مۇنداق يېزىلغانىدى: «بىز دوست، بىز تۇغقان، بىز ھەممىمىز ئانار دانىسى، شىنجاڭ شېئىرلاردىكىدەك، سۈرەتلەردىكىدەك ياخشى، ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنايلى...»

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سىكانېرلاپ كۆرۈڭ